# ئەمەلىيەتكە زىچ باغلاپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

(بېشى 1- بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ، ئەلرايىنى ئىگىلەپ، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر، ئاممىۋى لۇشيەننى ئىدىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەرىكەتتە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسى دورا ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كارخانىلىرى ھەم ئاساسىي قاتلام دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى دۇچ كەلگەن قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دورا ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كارخانىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، نەق مەيداندا زىيارەت قىلىش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئايرىم سۆھبەتكە چاقىرتىش، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىش، سۈرۈشتۈرۈپ خاتىرە قالدۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىدارىسى قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق باش پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ھايۋانات سەھىيە نازارەتچىلىكى ئورنى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نەق مەيداندا كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئاساسىي خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئۈچ ئورۇننىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ھەم كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا «تۆت بىر»نى گەۋدىلەندۈردى: يەنى ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان بىر باشقارما، ئىشخانىدا، ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان بىر بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇندا، بىر «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى ئالاقە نۇقتىسىدا، بىر ئېغىر نامرات كەنتنىڭ 1 - شۇجىسى تۇرۇشلۇق جايىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

### ■ دىققەتنى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈشنى بوشاشتۇرماسلىق

باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ مەسىلىنى بايقاشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى بايقاش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، قايسى جەھەتلەردىكى مەسىلە گەۋدىلىك بولسا دىققەتنى شۇ جەھەتلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈردى، مەسىلە قايسى ھالقىدا كۆرۈلگەن بولسا نۇقتىلىق ھالدا شۇ ھالقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى مەۋقەنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە قويۇپ، دىققەتنى پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى يېتەكچىلىكىدىكى تۆت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سەنئەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى قاتارلىق توققۇز مەكتەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش، پۇقراۋى ئالىي مەكتەپلەردە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ھەرقايسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، 361 ئادەم قېتىم سۆھبەتلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، 505 پارچە سوئال قەغىزى تارقىتىپ، 37 مەسىلىنى رەتلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا خىزمەت پىكرى يولىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت تەدبىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپنى باشقۇرۇشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ تەمىنات - سودا گۇرۇھى قارەمقىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى خېشىڭ ئاز سومملىق قەرز پۇل پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شىنخې مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خېشىن رەنگە قويۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۈچ شىركەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەم ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ ئالدى.

شىنجاڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يەكەن ناھىيەسى كاچۇڭ يېزىسىدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە ئېغىر نامرات كەنتنىڭ 1 - شۇجىسى تۇرۇشلۇق جايغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىكى ياخشى تەجرىبە، ئۇسۇللار ھەم كەمتۈكلۈك، يېتەرسىزلىكلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار بىلەن بىللە نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى ئۈنۈمىلىك تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلدى، تەھلىل قىلدى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىلانلىدى.

### ■ تەكشۈرگەچ ئۆزگەرتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار تەكشۈرگەچ ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش ۋە ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيەنىڭ ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكنى سىجىل ئالغا سىلجىتىشنى، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسى قۇرۇشنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى، سەھىيە - ساغلاملىق مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق سەھىيە - ساغلاملىق خىزمىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى چۆرىدەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى كومىتېتقا بىۋاستە قاراشلىق جەمئىي ئون ئورۇندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىيات ئورنىنى بەلگىلەش، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، داۋالاش مۇلازىمىتى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلارغا چېتىشلىق 15 مەسىلىنى بايقاپ ۋە رەتلەپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش ئارقىلىق 11 مەسىلىنى تۈزەتتى.

شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىكى ھەرقايسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرى مەسىلىنى تۇتۇپ داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر مەيدانى، فوتوۋولت ئېلېكتىر مەيدانى، گاز ھاسىل قىلىش تۇرۇبا تورى بۆلىكى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قوشقاچنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە، بىرىنچى سەپتىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسى يېتەرلىك بولماسلىق، ماركا قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى چەكلەپ كېلىۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلىپ، تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، گۇرۇھنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان كونكرېت تەدبىردىن 17نى ئوتتۇرىغا قويدى.

(بېشى 1- بەتتە)

بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ، بۇ ئارقىلىق شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەسىلىنى بايقاش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جەزمەن مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىنى خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەزمەن چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى، يۈزەكى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلەپ، مەسىلىنى توغرا تېپىپ، سەۋەبىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقىپ، خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

# «مىخ قېقىش» روھى ئارقىلىق ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1- بەتتە)

ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىپ، ئىدىيە يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تونۇش ئۆستۈرۈلۈپ، شەكىل ياخشىلىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان بىر تۈرلۈك جەزمەن ئورۇندايدىغان سىياسىي ۋەزىپە. سىياسىي ئاڭلىقلىقنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش يۈكسەكلىكىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكى يۇقىرى بولماسلىق، ئاساسىي مەقسەت ئېڭى كۈچلۈك بولماسلىق، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچ ئاجىزلىشىش، ئىستىلى چىڭ بولماسلىق، ئەمەلىي بولماسلىق مەسىلىلىرىنى گەۋدىلىك ھەل قىلىپ، «مىخ قېقىش» روھى ئارقىلىق ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن - فاڭجېنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، «تۆتكە توغرىلىنىش» تەلىپى بويىچە، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، پارتىيەۋىلىكى ساپ بولماسلىق، سىياسىي نەتىجە قارىشى توغرا بولماسلىق مەسىلىسىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تۈزىتىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيە مەنبەسىدىن شەكلىۋازلىق جاھىل كېسىلىنى تۈگىتىش كېرەك. مەركەزنىڭ تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، تۈگمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىننىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىخچاملاشتۇرۇش، مىقدارلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى جايىدا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يۇقىرىغا مەسئۇل بولۇش بىلەن تۆۋەنگە مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە، مەسىلىنى بايقاش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە، قاتتىق نازارەت قىلىش - قاتتىق تەكشۈرۈش بىلەن مۇۋاپىق، جايىدا بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېتەكلەش، مۇلازىمەت قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش زىيادە كۆپ، زىيادە تەكرار بولۇش، زىيادە ئىز قالدۇرۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقتى، زېھنىنى ئاجرىتىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈش، چەكلەش بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم دەل جايىدا جاۋابكارلىققا تارتىشنى كۈچەيتىپ، ھەم مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالالايدىغان كادىرلارغا مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، يۈرەكلىك بولۇشقا يار - يۆلەك بولۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، جاسارەتلىك - يارامىلىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئەمەلىي ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، بوشاشماي دائىم تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدارە قىلىش ھاياتىي كۈچىنى قويۇپ بېرىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەشكە تۈرتكە بولۇش، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈزەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى كونكرېت تۇتۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جى جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق بىر قىسىم تارماقلار ۋە ۋىلايەتلەردىكى مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ناھىيە دەرىجىلىككىچە ئېچىلدى.

**مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى**

# تاڭ جىڭجۇڭ: قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ پىشقان كوماندىر

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جاڭ جىلۇڭ)** «يولداش جىڭجۇڭنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئاداققىچە باتۇرانە كۈرەش قىلىش روھى ئەبەدىلئەبەد نۇر چېچىپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.» لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭدىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ پىشقان كوماندىر دەپ نامى بار ئىنقىلابىي قۇربان تاڭ جىڭجۇڭنىڭ قەبرە تېشىغا شۇنداق دەپ يېزىلغانىدى.



**تاڭ جىڭجۇڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)**

تاڭ جىڭجۇڭ، 1917 - يىلى تۇغۇلغان، تەخەللۇسى شېڭتاڭ. شەندۇڭ شۇۋگۇاڭ شەھىرى سۈنجياجى كوچىسى تاڭجياجۇاڭلىق. 1937 - يىلى، ياپون باسقۇنچىلىرى شۇۋگۇاڭ ئەۋەسگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، پۈتۈن ناھىيەدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياشلار بەس - بەستە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىنى ئىزدىگەن. تاڭ جىڭجۇڭ شۇ يەردىكى نيۇتۇۋ بازىرىغا بېرىپ قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى 8 - ئارمىيەسى شەرقىي شەندۇڭ پارتىزانلار ئەترىتى 8 - تارماق ئەترىتىنىڭ شۆبە ئەترەت باشلىقى بولغان. كېيىن، ئۇ قىسىمغا ئەگىشىپ يۆتكىلىپ جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن. 1939 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

تاڭ جىڭجۇڭ جەڭدە باتۇر، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ پىشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئوتتۇرا جەنۇبىي شەندۇڭدا پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، لىنچۈ ۋۇجېڭ ئۇرۇشى، كۆپ قېتىملىق تازىلاشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى، غەربىي گاۋجۇاڭ ئۇرۇشى قاتارلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تاڭ جىڭجۇڭ قىسمىنى باشلاپ شەندۇڭدىن شەرقىي شىمالغا قوشۇن تارتىپ، شەرقىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1947 - يىلى، شەرقىي شىمال دالا ئارمىيەسى 3 - زوڭدۈي 8 - شى 22 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى بولغان، قىسمىنى باشلاپ لىنجياڭنى ئۈچ قېتىم قوغداش ھەم 1947 - يىلدىكى ياز، كۈز، قىش پەسىللىك جەڭلەرگە قاتناشقان. تۇڭخۇادىكى لۇڭجۇاگوۋمېن ئۇرۇشىدا، قىسمىنى باشلاپ دۈشمەنگە زەربە بەرگەن، يەتتە كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەنگە ياندىن، ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن، ھەرىكىتى كەسكىن بولغان، ئۇستىلىق بىلەن غەلىبە قىلغان، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن ماسلىشىپ، دۈشمەننىڭ بىر پۈتۈن تۇەننى يوقىتىپ، بىرمۇنچە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئولجا ئالغان.

ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا، تاڭ جىڭجۇڭ خەلق ئارمىيەسى كوماندىرلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرغان. ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇ ئالدىنقى سەپكە ئۆزى چىقىپ، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، كۆپ قېتىم جەڭدە قالتىس خىزمەت كۆرسەتكەن.

1950 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تاڭ جىڭجۇڭ شى باشلىقىغا ياردەملىشىپ 118 - شىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى باشلاپ دەندۇڭ ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ چاۋشيەن جېڭگاھىغا كىرگەن. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قىسىم بېيجېندىكى لياڭشۇيدۇڭدا دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن سول قاناتتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەسكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، قارىمىقىدىكى 354 - تۇەننى پىستىرما قويۇپ، تاغار ئېغىزى شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، 353 - تۇەنگە ماسلىشىپ قورشاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، دۈشمەن پىستىرما دائىرىسى ئىچىگە كىرىشكىلا، شىددەتلىك جەڭ قوزغاپ، چۈشكىچە جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. دۈشمەننىڭ 300دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 160تىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالغان، زەمبىرەكتىن 22نى، ئاپتوموبىلدىن 38نى، زور تۈركۈمدە باشقا مىلتىق، ئوق - دورا ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئولجا ئالغان. پىدائىي قىسىم چاۋشيەنگە كىرىپ جەڭ قىلىپ، تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلغان.

1951 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دۈشمەن يەنە دەھشەتلىك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىغان، پىدائىي قىسىم بىلەن چاۋشيەن خەلق ئارمىيەسى 4 - قېتىملىق جەڭنى تەشكىللىگەن. شۇ چاغدا 118 - شىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان تاڭ جىڭجۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن شەرقىي لىنىيەدىكى ياڭپىيۈەن رايونىغا يۆتكىلىپ ئۇرۇش قىلغان. خېڭچېڭ جېڭىدە، تاڭ جىڭجۇڭ 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە بۇيرۇققا بىنائەن ئاساسىي قىسمىنى باشلاپ، چوڭ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۈشمەن 8 - شىسىنىڭ يۈرىكى بولغان گۇاڭتيەنتەيگە بىۋاستە بۆسۈپ كىرگەن. ئەينى چاغدا، تاغ ئېگىز، قار قېلىن ئىدى، ئۇ بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرنى باشلاپ، جاپاغا چىداپ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندىغان، دۈشمەننىڭ 1000غا يېقىن ئادىمىنى يوقىتىپ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ، پىدائىي قىسىم باش سىلىڭبۇسى باشلىقىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

1952 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرى، تاڭ جىڭجۇڭ تۇرۇشلۇق قىسىم بۇيرۇققا بىنائەن ئالماشقان. ئالماشقاندىن كېيىن، تاڭ جىڭجۇڭ شىجاڭ لو چۈنشېڭ بىلەن يېڭى مۇداپىئە ئورنىدا ئىستىھكاملارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى لېيەنچۈەندىكى شىنسىدۇڭدا، بەختكە قارشى دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئۇ شۇ يىلى 35 ياشتا ئىدى. تاڭ جىڭجۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، شېنياڭدىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

قەھرىمان قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىيجاناب روھى يەنىلا كېيىنكىلەرنى ئىلھاملاندۇرماقتا. تاڭ جىڭجۇڭنىڭ يۇرتى تاڭجياجۇاڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاڭ خۇاشۈن مۇنداق دېدى: تاڭ جىڭجۇڭ بۇ جاينىڭ ئىپتىخارى ۋە پەخرى، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربان. كەنتتە ھازىر ھەر يىلى ئەسكەر بولۇپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىدىغانلار بار، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئالىيجاناب روھىنىڭ كۆپچىلىكنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)